


# «ئانار دانىسى» مېھىر ـ شەپقەت ئۆيى ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق ئۇرۇقىنى چاچتى

## —— ئارشاڭ ناھىيەسى بازارلىق باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئۈجە توغرىسىدا

□ مۇخبىرىمىز سۇڭ ياۋېن

خىزمەتداشلىرىنىڭ نەزەرىدە ئۈجە قىزغىن بولغان باللار شاھى؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەرىدە ئۇ ئىللىق ھەم سۆيۈملۈك «ئانارنىڭ دانىسىدەك ئانا» ئىدى.

بۇ يىل 48 ياشقا كىرگەن ئۈجە ئارشاڭ ناھىيەسى بازارلىق باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، 29 يىلدىن بۇيان، ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە پارلاق تەبەسسۇمى بىلەن ھەربىر باللىنى كۈتۈۋالدى. «باللىرىمنىڭ مىللەت ئايرىمىسى يوق، ھەممىسى مېنىڭ ئوماق قوزىلىرىم، ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ بىللە ئۆگىنىش قىلىۋاتقانلىقىنى، بىللە ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، قەلبىم ئالاھىدە شادلىنىپ كېتىدۇ» دېدى ئۈجە.

ئارشاڭ ناھىيەسى بازارلىق باشلانغۇچ مەكتەپىدىكى كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچى چېگرادىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، مەكتەپتە ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى كۆپرەك ئىدى. بۇ باللار ئائىلىسىدىكىلەرنى سېغىنىش ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپلا قالماي، يەنە تىل توسالغۇسىنى بۆسۈپ ئۆتۈش، كوللېكتىپ تۇرمۇشقا ماسلىشىشقا توغرا كېلەتتى، يېشى كىچىكرەك بەزى باللار بىلىندۇرمەي يىغلايتتى. شۇڭا ئۈجە دائىم ياتاققا بېرىپ ئوقۇغۇچىلارغا ھەمراھ بولاتتى.

ئارشاڭ ناھىيەسىنىڭ قىش پەسلى يېرىم يىلغا سوزۇلغان بولۇپ، سوغۇق ھاۋا ياتاقتا ياتىدىغان باللار ئۈچۈن بىر خىرىس ئىدى. بەزىدە ھاۋا تۇيۇقسىز سوۋۇغاندا، ئۆيى تاغلىق رايوندىكى باللارنىڭ قىشلىق كىيىمى بولمىغاچقا، توڭلاپ كېتەتتى. «دەسلەپتە مەن ئۆيۈمدىن ئۇلارغا كىيىم ـ كېچەك ئالغاچ كەلدىم، كېيىن ياردەمگە موھتاج باللارنىڭ بەك كۆپ ئىكەنلىكىنى بايقىدىم.» شۇنىڭ بىلەن، ئۈجە مەكتەپكە ئۆزىنىڭ بىر ئېغىز مېھىر ـ شەپقەت ئۆيى قۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش ئويىنى ئېيتتى.

2014 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، مەكتەپنىڭ «ئانار دانىسى» مېھىر ـ شەپقەت ئۆيى قۇرۇلدى. ئۈجە پۈتۈن ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى مېھىر ـ شەپقەت ئۆيىگە كىيىم ئىئانە قىلىشقا تەشكىللىدى، قىسقىغىنا نەچچە كۈندىلا 120 قۇر قىشلىق كىيىم يىغىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ يەنە پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا «ئانار دانىسى. بىر يۈەن مېھىر ـ شەپقەت بېغىشلاش» تەشەببۇسىنى تەشەببۇس قىلىپ، مەكتەپتە بىر مەھەل «مېھىر ـ شەپقەت بېغىشلاش، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىش» دولقۇنى قوزغىدى.

موڭغۇل قىز تاغىنا ئوقۇش پۈتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر قېتىملىق تەتىلدە مەكتەپكە قايتىپ «ئانارنىڭ دانىسىدەك ئانا»سىنى يوقلايتتى. ئائىلىسى نامرات بولغاچقا، تاغىنا دائىم يالاڭ كىيىم بىلەن قىشنى ئۆتكۈزۈپ، ھە دېسىلا زۇكامداپ قىزىپ قالاتتى. ئۈجە بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قىشلىق كىيىم ئەكېلىپ بەردى. «ئۈجە مۇئەللىم ماڭا قىشلىق كىيىملەرنى ئەكېلىپ بېرىپ، بەدىنىمنى ئىللىتىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى قەلبىمنى ئىللىتتى، ‹ئانارنىڭ دانىسىدەك ئانا›مغا كۆپ رەھمەت» دېدى تاغىنا تولۇپ تاشقان مىننەتدارلىق بىلەن.

قازاق مىللىتىدىن بولغان ئوقۇغۇچى بەختىنۇر بىلەن ئىبراقابۇل قوشكېزەك ئاچا ـ ئۇكا بولۇپ، كىچىكىدىنلا موموسى بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئائىلىسى نامرات بولغاچقا، ئاچا ـ ئۇكا ئىككىيلەن مەكتەپ فورمىسى ھەققى، سۇغۇرتا ھەققى قاتارلىقلارنى تۆلىيەلمەيتتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۈجە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇلارغا مەكتەپ فورمىسى ئېلىپ بەردى ھەم ئۇلارنىڭ ھالىدىن كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئالدى.

ئۈجە ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلگەن مىساللارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئوقۇغۇچىلارنى تەسىرلەندۈرۈپلا قالماي، يەنە مۇئەللىملەرگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەچكە، پۈتۈن مەكتەپنىڭ «مېھىر ـ شەپقەت بېغىشلاش، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىش» كەيپىياتى ئىنتايىن قويۇق بولدى. ئۇ يەنە دائىم ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ «ئانار دانىسى» مېھىر ـ شەپقەت ئۆيىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى مېھرىبان زاتلارنى قىيىنچىلىقى بار باللارغا بىرلىكتە كۆڭۈل بۆلۈشكە تەكلىپ قىلىپ، باللارنى بىللە ئويناپ، بىللە ئۆگىنىپ، بىللە ئۆسۈپ يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقىنى تېرىدى.

بەش يىلدىن بۇيان، «ئانار دانىسى» مېھىر ـ شەپقەت ئۆيىدە ئىئانە پائالىيىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پائالىيىتىدىن جەمئىي 100 قېتىمدىن ئارتۇقى قانات يايدۇرۇلۇپ، 115 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىئانە پۇلى، 1300دىن ئارتۇق كىيىم ـ كېچەك توپلاندى، 800دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىغا 90 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ياردەم قىلىندى.

ئۆزىنىڭ «مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى» دېگەن نامغا ئېرىشكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقىنىدا، ئۈجە قاتتىق ھاياجانلاندى: «بۇنىڭدىن كېيىن، مەن باللارنىڭ ‹ئانارنىڭ دانىسىدەك ئانا›سى بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى بىر دانە ئانار دانىسى بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مېھرىنى يەتكۈزىمەن».

# بېيىش باشلامچىسى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ئادىمى

## —— ئاما بىلەن قەلبداش كەنت كادىرى چىڭ شيۇپېڭ توغرىسىدا

□ مۇخبىرىمىز سۇڭ ياۋېن

«مەن ھېچقانداق چوڭ ئىش قىلمىدىم، پەقەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىلا قىلدىم. مەن داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، ھەربىر ئادەتتىكى ئىشنى پۇختا، ياخشى قىلىپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ پارتىيە ۋە دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرىمەن.» 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئۆزىنىڭ «مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى» نامىغا ئېرىشكەنلىكىنى تىلغا ئالغاندا، چىڭ شيۇپېڭنىڭ ھاياجانلىق سۆزلىرىدىن سەممىيلىكى چىقىپ تۇراتتى.

بورتالا شەھىرى دالتۇ بازىرى دۇتا ئۇبو كەنتىدە، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى چىڭ شيۇپېڭ تىلغا ئېلىنسا، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى باش بارمىقىنى چىقىرىدۇ. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نەزەرىدە ئۇ كۆپچىلىكنى بېيىشقا يېتەكلەيدىغان ياخشى شۇجى بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلارنىڭ «ئۆز ئادىمى».

بۇ يىل 63 ياشقا كىرگەن چىڭ شيۇپېڭ دائىم بىر جۈملە سۆزنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدۇ: «بىر كەنت كادىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاما بىلەن قەلبداش بولۇشتا، جەزمەن قەلبدە ئاما بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك».

چىڭ شيۇپېڭ سىچۈەن شىچۇڭدا تۇغۇلغان، 1981 ـ يىلى، ئۇ دۇتا ئۇبو كەنتىگە كېلىپ يىلتىز تارتقان. ئۇ كىشىلەرگە سەممىي بولۇپ، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىپ، دائىم كەنت ئاھالىلىرىگە تېرىقچىلىق تەجرىبىلىرىنى ئۆگىتىپ، تەدرىجىي ھالدا يۇرتداشلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

1990 ـ يىلى، 34 ياشلىق چىڭ شيۇپېڭ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلاندى. ئون يىلدىن كېيىن، ئۇ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالدى.

«پەقەت ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلغاندىلا ئاندىن ھوسۇلنى ئاشۇرۇپ، كىرىمنى كۆپەيتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ.» كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش چىڭ شيۇپېڭنىڭ كۆڭلىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش.

كەنت ئاھالىسى قايىماخۇننىڭ تېرىقچىلىق تېخنىكىسى كەمچىل بولغاچقا، ھەر يىلى زىيان تارتاتتى، ئىككى ئېغىزلىق كونا ئۆيىدە يامغۇر ياغسىلا ئولتۇرۇشقا مۇمكىن بولمايتتى. چىڭ شيۇپېڭ بۇلارنى كۆرۈپ كۆڭلى تىت ـ تىت بولدى.

2004 ـ يىلى، چىڭ شيۇپېڭ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت ئېتىزى ۋە ھۆددە ئالغان يېرىدىن 40 مو يەرنى قايىماخۇننىڭ تېرىشىغا ئايرىپ بېرىشنى قارار قىلدى، يەنە تەشەببۇسكارلىق بىلەن پۇل چىقىرىپ ئۇرۇقلۇق، خىمىيەۋى ئوغۇت سېتىۋېلىشىغا ياردەم بەردى. قايىماخۇنمۇ تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا ئىشەنچ تىكلەپ، چىڭ شيۇپېڭدىن زىرائەت پەرۋىش قىلىشنى ئۆگەندى. شۇ يىلنىڭ يىل ئاخىرى، قايىماخۇن چىڭ شيۇپېڭدىن ئالغان قەرزنى قايتۇرۇپ بولدى. بۈگۈنكى كۈندە، قايىماخۇننىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ، كىرىمى يىلدىن ـ يىلغا ئېشىپ، يېڭى ئۆي سالدى. چىڭ شيۇپېڭ تىلغا ئېلىنسا، قايىماخۇن ھەر دائىم مىننەتدارلىقىنى سۆزلەپ تۈگىتەلمەيدۇ: «مېنىڭ ھازىرقى گۈزەل تۇرمۇشۇم چىڭ شۇجىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئۇ ئائىلىمىزنىڭ شەپقەتچىسى، بىزنىڭ تۇغقىنىمىز».

كەنت ئاھالىسى ئامانگۈل قانداقلا ئىش بولسا بىرىنچى ۋاقىتتا چىڭ شيۇپېڭغا ئېيتاتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، چىڭ شيۇپېڭ شۇجى بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ ئاتىسىغا ئوخشايتتى.

1993 ـ يىلى، ئەمدىلا توي قىلغان ئامانگۈل يەر تېرىش تەجرىبىسى بولمىغاچقا، يەرنى ساقلاپ يېتىپمۇ پۇل تاپالمىدى، تۇرمۇشمۇ ئاستا ـ ئاستا نامراتلىشىپ كەتتى. چىڭ شيۇپېڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئامانگۈلنى ئىزدەپ تېپىپ مۇنداق دېدى: «قىزچاق قانداق قىيىنچىلىقىڭىز بولسا مېنى ئىزدىسىڭىز بولىدۇ، مەن سىزگە ياردەم قىلىمەن».

چىڭ شيۇپېڭنىڭ قولمۇقول يېتەكلىشىدە، ئامانگۈل ناھايىتى تېزلا يەر تېرىش تېخنىكىسىنى ئىگىلىدى، كىرىمى بارغانسېرى ئېشىپ، يېڭىدىن خىش ئۆي سېلىپلا قالماي، يەنە بورتالا شەھىرىدىن بىنا ئۆي سېتىۋالدى.

«چىڭ شۇجىنىڭ ماڭا قىلغان ياردىمىنى نەچچە كېچە ـ كۈندۈز سۆزلەپمۇ تۈگىتەلمەيمەن، ئۇ مېنىڭ دادامغا ئوخشايدۇ، ماڭا ياردەم قىلىپلا قالماي، يەنە ماڭا غەمخورلۇق قىلدى، مەن كۆڭلۈمدە ئىنتايىن ئىللىقلىق ھېس قىلدىم» دېدى ئامانگۈل تەسىرلەنگەن ھالدا.

30 نەچچە يىلدىن بۇيان، چىڭ شيۇپېڭ ساپ قەلبى، شەخسىيەتسىز نىيىتى بىلەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. ھەتتا ئۇنىڭ سىچۈەن شىۋىسىدىكى سۆزلىرىمۇ كەنت ئاھالىلىرى چۈشىنەلەيدىغان يېقىملىق شىۋە بولۇپ قالدى. «كەنتتىكى نۇرغۇن كىشى ئۇنىڭ سىچۈەن شىۋىسىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان، نەدىمۇ چۈشىنەلمەيدىغان ئىش بولسۇن، ھەر كۈنى چىڭ شۇجىنىڭ سىچۈەن شىۋىسىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلىساق، كۆڭلىمىز ناھايىتى تەسكىن تاپىدۇ» دېدى كەنت ئاھالىلىرى كۈلۈپ تۇرۇپ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يولداش دىڭ شىسۇن كېسەل سەۋەبىدىن 2019 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سائەت 14تىن 35 مىنۇت ئۆتكەندە بېيجىڭدا 93 يېشىدا ۋاپات بولدى.

يولداش دىڭ شىسۇننىڭ كېسەل ئېغىرلاشقان مەزگىلدە ۋە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن، جياڭ زېمىن، خۇ جىنتاۋ قاتارلىق يولداشلار دوختۇرخانىغا بېرىپ يوقلىدى ياكى تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق يولداش دىڭ شىسۇننىڭ ۋاپاتىغا قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈردى ھەم ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى.

10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، باباۋشەن ئىنقىلابىي قەبرىستانلىقىنىڭ زالى ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك تۈسكە كىرگەنىدى، ماتەم مۇزىكىسى بوش ئاۋازدا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. زالنىڭ ئۇدۇل تېمىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «يولداش دىڭ شىسۇنگە قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈرىمىز» دېگەن قارا تەگلىك ئاق خەتلىك پىلاكات، پىلاكاتنىڭ ئاستى تەرىپىگە يولداش دىڭ شىسۇننىڭ سۈرىتى ئېسىلغانىدى. يولداش دىڭ شىسۇننىڭ جەسىتى گۈل ۋە ئارچىلار ئارىسىغا قويۇلۇپ، ئۈستىگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قىپقىزىل بايرىقى يېپىلغانىدى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9دىن 45 مىنۇت ئەتراپىدا، شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار ماتەم مۇزىكىسى ئىچىدە ئاستا قەدەم بىلەن يولداش دىڭ شىسۇننىڭ جەسىتى ئالدىغا كېلىپ، سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈردى، يولداش دىڭ شىسۇننىڭ جەسىتىگە ئۈچ قېتىم تەزىم قىلدى ھەم يولداش دىڭ شىسۇننىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ھال سورىدى.

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار رەھبىرىي يولداشلىرى بېرىپ ئۇزىتىپ قويىدى ياكى تۈرلۈك شەكىلدە تەزىيە بىلدۈردى. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، يولداش دىڭ شىسۇننىڭ ھايات ۋاقتىدىكى دوستلىرى ۋە يۇرتداشلىرىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ بېرىپ ئۇزىتىپ قويىدى.

# شىنجاڭ ۋە بىڭتۇەندىن ئالتە شەخس، بىر ئورۇن مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى ئاممىۋى خىزمەت ئالاقە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى چىن يۈگاڭ تۆھپە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، چىرا ناھىيەسى جىخۇي مېۋىچىلىك دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كېڭەش باشلىقى لى پېڭ تەقدىم قىلىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، قاراقاش ناھىيەسى خوتەن بالىم سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى ئوبۇلھەسەن ئوبۇلقاسىم، بىڭتۇەن 3 ـ شى تۇمشۇق شەھىرى 51 ـ تۇەن 4 ـ لىيەنى «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى جاڭ يۈگەن يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى يېڭىلىق يارىتىشقا تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

2016 ـ يىلى دۆلەت نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتى تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان، شىنجاڭ ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىن جەمئىي 15 شەخس، تۆت كوللېكتىپ بۇ ئالاھىدە شەرەپكە ئېرىشتى. بۇ ئىلغار شەخس ۋە ئىلغار كوللېكتىپلار نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئىشلىرىغا پائال ئاتلىنىپ، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن ياخشى ئۈلگە بولۇپ، قويۇق كەيپىيات ياراتتى.

# ھەل قىلغۇچ جەڭدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، راستچىل ـ ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن نامراتنىڭ نامرىتىغا، قىيىننىڭ قىيىنىغا ھۇجۇم قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

روھى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ھۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، 2020 ـ يىلى دۆلىتىمىزدە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاپ، نامرات ئاھالىلەر ۋە نامرات رايونلارنى پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە كىرگۈزۈش پارتىيەمىزنىڭ تەنتەنىلىك ۋەدىسى بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ ئىش. خەلق ھۆكۈمىتى پارتگورۇپپىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى پارتگورۇپپىسى ھەم ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم بايانلىرى ۋە مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى كەم ـ كوتىسىز ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، ھەل قىلغۇچ جەڭدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتەك روھىي ھالەت، راستچىل ـ ئەمەلىيەتچىل بولۇشتەك خىزمەت ئۇستىلى بىلەن، پۈتۈن كۈچ بىلەن نامراتنىڭ نامرىتىغا، قىيىننىڭ قىيىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىزگە تاپشۇرغان مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپىنى قەتئىي ياخشى ئورۇندىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم بايانلىرى ۋە مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە، مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىپ، مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، مۇھىم كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈپ، ئومۇميۈزلۈك سىستېمىلىق ئۆگىنىش، ۋاقتىدا ئەگىشىپ ئۆگىنىش، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، چوڭقۇر ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش ئاساسىدا ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەپ، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە ھەقىقىي يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. دەل جايىدا بولۇش تەدبىرىنى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، مۇتلەق نامراتلىقنى تۈگىتىشنى چۆرىدەپ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان نامراتلارنى يۆلەش نىشان، ئۆلچىمىدە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم»نى ئالغا سىلجىتىپ، «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» ۋە ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى كۈچەپ تولۇقلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ۋەزىپىلەرنى يۇقىرى سۈپەتتە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەشنى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، چېكىندۈرۈش ئۆلچىمىنى چىڭىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سىياسەتلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەزگىلىدە نامراتلارنى يۆلەش كۈچىنى ئۆزگەرتمەسلىك، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتمەسلىكنى ساقلاپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. مەسىلىنى تۈزىتىشنى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈپ، قاتتىق، ئەمەلىي بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاجىز ھالقىلارنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇزۇل ـ كېسىل تۈزىتىش، دەل جايىدا تۈزىتىش، خېمىغا يېنىپ قالماسلىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تۈزىتىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى، سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. نازارەت قىلىش، ئىنتىزام ئىجراسىنى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى سىجىل كۈچەيتىپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەش سالمىقىنى زورايتىپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي بولۇشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جەريانىنىڭ پۇختا بولۇشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنىڭ چىن بولۇشىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمەت مېخانىزمى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، چوڭ دائىرىدە نامراتلارنى يۆلەش ئەندىزىسىدە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىدىغان، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرىدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈش كېرەك.